# يېلتسىن جياڭ زېمىننى قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، موسكۋا، 23 - ئاپرېل تېلېگراممىسى.** روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى نائىنا بۈگۈن كرېملدىكى گېئورگى زالىدا رەسمىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، روسىيىگە دۆلەت زىيارىتىدە بولۇش ئۈچۈن كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ۋاڭ يېفېڭنى قىزغىن قارشى ئالدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا رەئىس جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى، يېلتسىن زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى قارشى ئېلىش مۇزىكا ساداسى ئىچىدە رەڭگارەڭ چىراغلار چاقناپ تۇرغان گېئورگى زالىغا كىردى. ئىككى رەھبەر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قۇچاقلاشتى. يېلتسىن خانىم نائىنا ۋاڭ يېفېڭغا گۈل تۇتتى. ئوركېستىر جۇڭگو - روسىيە دۆلەت شېئىرلىرىنى ئورۇندىدى.

ئاندىن ئىككى رەھبەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن تونۇشتى. يېلتسىن زۇڭتۇڭ رەئىس جياڭ زېمىنغا روسىيە تەرەپنىڭ خادىملىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇلار: روسىيە زۇڭلىسى چېرنومىردىن، 1 - مۇئاۋىن زۇڭلى نېمزوۋ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رودىئونوۋ، زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياستىرژېمبىسكىي، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇۋەققەت مىنىستىرى ئىۋانوۋ، زۇڭتۇڭنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەر بويىچە ياردەمچىسى پرىخودكوۋ ۋە روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى روگاشوۋ.


رەئىس جياڭ زېمىن يېلتسىن زۇڭتۇڭغا جۇڭگو تەرەپتىن ھەمراھ بولۇپ بارغان خادىملارنى تونۇشتۇردى.

قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رەئىس جياڭ زېمىن بىلەن يېلتسىن زۇڭتۇڭ سۆھبەتلەشتى.



روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن مۇشۇ ئاينىڭ 23-كۈنى كرېملدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، زىيارەتكە كەلگەن جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قارشى ئالدى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**



دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن مۇشۇ ئاينىڭ 22-كۈنى موسكۋاغا بېرىپ، روسىيىدىكى دۆلەت زىيارىتىنى باشلىدى. روسىيە زۇڭلىسى چېرنومىردىن ئايرودرومدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، رەئىس جياڭ زېمىننى قارشى ئالدى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**

# جۇڭگو - روسىيە رەھبەرلىرى ئىككى دۆلەتنىڭ قوشما باياناتىنى ئىمزالىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، موسكۋا، 23 - ئاپرېل تېلېگراممىسى.** جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن بۈگۈن چۈشتە كرېملدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى ۋە خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش توغرىسىدىكى قوشما باياناتى»نى ئىمزالىدى.

ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى بۇ قوشما باياناتتا ھەرقايسى دۆلەتنىڭ تىنچلىق ۋە مۇقىملىق ئورنىتىش، ئادىل، مۇۋاپىق خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئىجابىي سۆزلىشىشنى قانات يايدۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى ھەم مۇشۇ ھەقتە ئورتاق قوبۇل قىلغان ئىجابىي تەكلىپلەرنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى («جۇڭگو- روسىيە قوشما باياناتى»نىڭ تولۇق تېكىستى ئايرىم بېرىلدى).

ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا جۇڭگو تەرەپتىن گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى چيەن چىچېن، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى چى خاۋتيەن، پەۋقۇلئاددە ياردەمچى زېڭ چىڭخۇڭ، جۇڭگونىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لى فېڭلىن، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ دېگۇاڭ، پەۋقۇلئاددە ياردەمچى تەڭ ۋېنشېڭ، پەۋقۇلئاددە ياردەمچى يۈشىڭگۈي قاتارلىقلار، روسىيە تەرەپتىن زۇڭلى چېرنومىردىن، 1- مۇئاۋىن زۇڭلى نېمزوۋ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رودىئونوۋ، زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياستىرژېمبىسكىي، روسىيىنىڭ مۇۋەققەت دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئىۋانوۋ، زۇڭتۇڭنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەر بويىچە ياردەمچىسى پرىخودكوۋ، روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى روگاشوۋ قاتارلىقلار قاتناشتى.

# جۇڭگو - روسىيە قوشما باياناتى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن روسىيە فېدېراتسىيىسى (تۆۋەندە «ئىككى تەرەپ» دەپ ئاتىلىدۇ) ئۆزئارا باراۋەر بولغان، بىر - بىرىگە ئىشىنىدىغان، 21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن ستراتېگىيىلىك ھەمكارلىق، ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلىك سۈپىتى بىلەن خەلقئارا جەمئىيەت ئالدىدا ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتىنى ۋە چوڭ - چوڭ خەلقئارا مەسىلىلەرگە تۇتقان بىردەك پوزىتسىيىسىنى ئاساس قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە بايان قىلىپ ئۆتىدۇ:

1. ئىككى تەرەپ ھەمراھلىق مۇناسىۋەت روھى بويىچە دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى ۋە خەلقئارا يېڭى تەرتىپنىڭ

خەۋپسىزلىك قارشىنى تىكلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئىشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى تەرەپلىك، كۆپ تەرەپلىك، ماس قەدەملىك ھەمكارلىق ئارقىلىق تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تەسەۋۋۇرى» دىن ۋاز كېچىش، گۇرۇھ سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ياكى تالاش-تارتىشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش، قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك ياكى قورال كۈچى بىلەن تەھدىت سالماسلىق لازىم، دەپ قارايدۇ. ئىككى تەرەپ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، ياۋروپا، ئاسىيا رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى

ب د ت خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭىشىپ تۇرۇشنى ھەم ئەھۋالغا قاراپ مۇشۇ جەھەتتىكى ھەرىكەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇشنى خالايدۇ.

5. ئىككى تەرەپ شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇكى: تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتى دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشتا مۇھىم كۈچ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ ئۆزىنى كۈچەيتىش ئېڭى كۈچەيمەكتە، خەلقئارا سىياسىي ئىشلاردىكى رولى زورايماقتا، دۇنيا ئىقتىسادىدىكى سالمىقى ئاشماقتا، ئۇنىڭ باش كۆتۈرۈشى، خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش تارىخىي

# رەئىس جياڭ زېمىن موسكۋادىكى نامسىز قەھرىمانلار قەبرىسىگە گۈل چەمبىرەك قويدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، موسكۋا، 23 - ئاپرېل تېلېگراممىسى.** بۇ يەردە دۆلەت زىيارىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن موسكۋادىكى قىزىل مەيدان يېنىدىكى نامسىز قەھرىمانلار قەبرىسىگە گۈل چەمبىرەك قويدى.

روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1 - مۇئاۋىن زۇڭلىسى نېمزوۋنىڭ ھەمراھلىقىدا رەئىس جياڭ زېمىن قەھرىمانلار قەبرىسى ئالدىغا ئاستا - ئاستا مېڭىپ بېرىپ، گۈل چەمبىرەكتىكى لېنتىنى تۈزلەپ قويۇپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە قۇربان بولغان سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئەزىمەتلىرىگە ئېھتىرام بىلدۈردى. گۈل چەمبىرەكتىكى لېنتىغا رۇسچە: «قەھرىمانلارنىڭ نامى بولمىغان بىلەن تۆھپىسى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ!» دەپ يېزىلغان.

